R VI

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# علم طبیعت

## اوّلقی جزء

## حیوانات بیلان آدم

کاشغر شهریده سوئیان فوینک تانک نینک

باسمه خانه سیده باسیلدی

۱۹۲۰

Svenska Missionstryckeriet, Kaschgar
1920

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# موشوك.

موشوك نینک بدنی توکلوك دور. باشی یمولاق بورنی قیسقه تنی و قویروقی اوزون دور. پوتی تورت دور. الدی پوت لاری نینک بشدین کینی پوت لاری نینک تورت دین بارماقی بار دور. بارماقدا بردین اوچلوق ترناق بار دور. ترناقی بار پوت لارنی تیرناغلیق پوت لار دیرلار.

اغزیدا ایتیك تیشلاری بار دور. هر اینکا کی نینک الدی تیشلارینی اوتور تیش دیرلار. اولار اوشاق دورلار. الدی تیشلاری نینک ایکی طرفیده بردین اوزون اوچلوق مرکن تیش و انینک ایچ طرفیده ازیق تیشلاری بار دور اولارره نینک تیشلاریدیك اوچلوق و ایتیك دورلار. موشوك مرکن تیشلاری بیلان طعمه سی اوچون اوشاق جانورلارنی توتادور. ازیق تیشلاری بیلان پارچه لایدور اوتور تیشلاری بیلان کوشت نی سونکا کدین اجراتادور. ازیق تیشلاری ایتیك اوچلوق بولغان حیوان لارنینک تیریك چیلیکی تولاراق کوشت بیلان دور (کوشت یکوچی).

طعمه سی پارچه لانیب یوتولغاندین کین کالدین اوتوب قرینکا اندین اوچای لارکا بارادور. کال اوچای قرین پوتون برنوردیك دور. (هضم نوری).

موشوك پات پات یك قیرغاندیك بر آواز چیقاریب خورخرایدور. اول آواز دینغاندا بوروون توشوك لاریدین کارنای بیلان اوپکا سیکا کیریب یانیب چیقان هوادین بولادور. کارنای بیلان اوپکا تینیق اسباب لاری دور. بدنی نینک اوری بولوب تورماقی سونکاك لار (استخوان) بیلان بولور. اوچادا اوزولغان سونکاك نی سیرت دیرلار و موندا غ سونکاکی بار حیوانی سیرتلیق حیوان دیرلار.

موشوك نی سچقان یوتاتماق اوچون باقارلار. سچقان کیچه ده تولا راق چیقان اوچون موشوك هم کیچه ده شکارغه چیقادور. انینک اوچون کورماك انکلاماق طویماق قوت لاری ایتیك بولماقی لازم دور. موشوك قولاق لارینی بمیدیرلاتالایدور و نهایت اهسته آواز بولسه هم انکلایا لایدور. کوزلاری یمولاق دور. انینک کوز قراقی یاروقدا بر جیجیقدیك تار بولادور اما قرانکغو بولغاندا چونك بولادور. انینک اوچون بیز قرانکغو

دیگان وقتدا موشوك اوبدان كورادور. نهایت قرانكغو بولسه هم هیچ نرسه‌كا اورونمای مانكادور. مونی بروت‌لاری بیلان یخشی طویادورغان كومشاری نینك یاریلیقی بیلان قیلادور. مانكغاندا هیچ آواز چیقمایدور چونكه تكیده قالین یومشاق تره‌سی بولغان بارماق‌لاری نینك اوچیدا دبسایدور. مانكغاندا ترناق‌لاری آواز چیقارماسون و اوپراب كتماسون دیب ایچیكا ییغیب الادور. طعمه‌سیكا یقینلاشقاندا بر ایكی سكراب انی ترناق‌لاری و تیشلاری بیلان توتادور. بو طریقه‌دا شكار قیلماغلیق اوچون حیله بیلان چاققانلیق ضرور بولادور. موشوك هم بو قوّه‌لاری اوچون مشهور دور.

موشوك اوزینی صاف ساقلایدورغان بر حیوان دور. هر وقت شكار قیلیب بولغاندین كین توك‌لارینی یالاب پاكیزه قیلادور. بدنی نینك ایسّیقی‌نی همیشه بر خیل ساقلاماق اوچون توك‌لاری خدمت قیلادور (قانی ایسّیق حیوان). مونینك اوچون یاز وقتیدا توك‌لاری یوپقا و یریك‌دور. كوز وقتیدا توك‌لاری نینك اراسیغه تبیت پیدا بولغان برله قیش وقتیدا توكی قالینراق بولادور

موشوك توغقان بلالارینی اوز سوتی بیلان باقادور (ایمیتادور). انینك اوچون موشوك‌نی ایمچكلیك حیوان دیرلار.

## اط.

اط نینك بوینی بیلان قویروقیدا اوزون یریك قیل بار دور. بوینیدا كی قیل‌نی یال دیرلار. هر پوتیدا بردین بارماقی بار دور. اول قالین بر تیرناق بیلان ساقلانادور. تیرناق‌نی تواق دیرلار. انینك اوچون اط‌نی تواغلیق حیوان دیرمیز. مانكغاندا تواقی بیلان دبسایدور. پوت‌نینك قالغان یرلاری یركا تكمای تورادور. مونینك بیلان پارچاق‌لاری ایكیرزاك و یوروشی ییلدام‌راق بولور.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اط نینک ازیق تیشلاری **جیججیغلیق** دور شوندا غکه اوستیده اکرو توقای جیججیق لاری باردور. بو جیججیق لار **تیش سونکا کیکا** قات بقات یورکالکان **مینا** دیکان قاتیق بر نرسه دین عبارت بولور. تیش سونکا کی مینادین بوشراق بولغان اوچون چاینا غاندا اوپراب کتادور و مینا انینکدین ایکیرراك توراد ور. (موشوك نینك تیشلاری نینك کورونکان همه یرلاری مینا بیلان تمام قاپلاغلیق دور) تیشلاری جیججیغلیق بولغان حیوانلار خاص کیاه بیلان تیریك چیلیك قیلادور (**کیاه یکوچی**).

اط عقل و هوشیارلیقی بیلان مشهور دور. انینك اوچون تولا راق خلق انی مینماك قوشماق و یوك ارتماق اوچون داقادور. ملایملیق بیلان باقّان کشیکا بویون سونادور امّا قاتیغلیق قیلغان کشیدین بعضیدا تیشلاری و توواق لاری برله انتقام الادور. کوشتی طعامغه یارایدور. تره سی نی کون قیلورلار.

## کبوتر.

کبوترنینك بدنی پیلیك دور. چونك پی لارنینك توك لاری اوشاق ایلماك لار بیلان بر بریکا کیریشیکلیك دور. بدنیکا یقین پی لاری انداغ ایماس. بولارنی **تبیت** دیرلار. تبیت بدنی نینك ایسّیغلیقی نی ساقلاماق اوچون دور چونکه کبوتر **قانی ایسّیق** حیوان دور. توموشوقی نینك اوچی مونکوز جمله سیدین بر نرسه بیلان و قالغانی یوموشاق تره بیلان قاپلاغلیق دور. توموشوقی نینك اوستیده بورون توشوك لاری بار. قولاق توشوك لاری پی لار بیلان یاشورولغان دور. تنی قیسقه و ایکی پوت اوستیده توراد ور. پوت لاری امچکلیك حیوانلارنینك کینی پوت لاری اورنیدا دور. تورت دین بارماقی باردور اوچی الدیغه بری کینیکا چیقیغلیق دور و هر بریده تیرناقی باردور. کینی بارماقی نینك

ایکیزلیکی الدی بارماقی بیلان برابر تورادور. شونداغ پوتلار درخت
شاخلارینی چنگاللاغالی موافق دور (چنگاللایدورغان
پوتلار).

الدی پوتلار اورنیدا ایکی قناتی باردور. قناتپی لاری اوزون و
قاتیق دور. اوچوب یورکانده قناتلارینی کوتارسه اراسیدین شمال اوتکو
دیک بر بریدین آیریلور امّا توبن قیلسه بر بری بیلان قوشولادور.
کبوتر هوانی قناتلاری بیلان باسیب اوزینی کوتاریب اوچادور. اوچوب یور
کانده هر طرفکا قایریلغالی قویروقی خدمت قیلادور. قویروق پی لاری
هم قاتیق دور. کبوترنینک ایچی هم اوچوشقه موافق یاسالیب دور
شونداغکه سونکاکلاری نینک تولاسی کواک بولوب یل بیلان تولغان دور.
مونینک بیلان کبوتر ینیکراک بولادور.

کبوتر تورناق پورچاق و باشقه دانه لار برله تیریکچیلیک قیلادور.
تیشلاری بولماغان اوچون یکولوکی نی پوتون یوتادور. یکان دانه لاری
پوکان یاکه دانلیق دیکان کال نینک کنکروکان بر یریده یومشایدور
اندین تاشلیق دیکان قرینغه اوتادور قرین اوزی قاتیق بولوب
تیش اورنیدا خدمت قیلیب دانه نی ایزادور.

کبوترنینک تخوم سالادورغان وقتی ایرته یازدا باشلایدور. اول
وقت جفتلاشیب تنچ یرده چانکا بیغیب اوّالایدور. اندین ماده سی
اوّاغه تخومنی سالادور. تخومی نینک قاتیق شکالی باردور. بعضیدا انری
و بعضیدا ماده سی تخومی نی باسادور. تخوم ایچیده پیدا بولغان
بالاسی (باجکا) تخوم نینک تاشیدا تیریکچیلیک قیلغودیک
بولغاندا شکالی نی تیشیب چیقادور. یمکی چیقّاندا کوزی یموغلوق
دور. انینک اوچون بر وقتغچه احتیاط برله باقماق لازم ایکان. کبوتر
دیشلابدا پوکانیدا حاصل بولغان سوتکا اوخشاش بر نرسه چیقاریب
اننینک بیلان بالاسی نی باقادور. چونکراق بولغاندا دانه برادور.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

کبوتر یازدا پیلارینی تاشلایدور اورنیغه قالینراق پیلار چیقادور. پی ینکوشلاکانی‌نی **جولغوش** دیرلار. ایرته یاز وقتیدا پیلاری نینک اوپراب کتکان چتلاری توشوب کتادور. انینک برله پیلاری یوپقاراق و رنکی تازه‌راق بولادور.

## سالمه.

سالمه‌نینک بدنیده توک یا پی یوق دور. تره‌سی ایکی قات دور. تاش قاتی یوپقا سوزوك و پوتون دور. ایچ قاتی کیپکدیك اوشاق یمولاق و یاپالاق بر بریکا توتاشلیق دانه‌لاردین عبارت دور. بدنی اوزون و ینکه‌یچکا دور. قویروقی باشی بیلان تنیدین اوزون دور. پوتلاری قیسقه و عاجز بولغانی اوچون بدنی‌نی کوتارالمایدور. خاص پوتلاری بیلان مانکالمایدور. انینک اوچون همیشه قورساقی‌نی سوراب قویروقی نینک یاریلیقی بیلان مانکادور (**اورمالایدورغان حیوان**). پوتلاری‌نینک بشدین تیرناغلیق بارماقی بار و اغزیدا اوشاق اوچلوق تیشلاری بار دور.

سالمه‌نینک بدنی‌نینک ایسّیغلیقی هوانینک ایسّیغلیقیدیك بولادور. (**قانی سوغاق حیوان**). بدنیکا لازم بولادورغان ایسّیق‌نی تاپماق اوچون یازنینک ایسیق کونلاریده افتابلیق یرلارکا چیقادور. اندا اورماچوك پشه چکتکو و باشقه اوشاق جانورلارنی توتوب ییدور. بو طریقه‌دا تیریکچیلیك قیلغانی برله آدمغه فائده‌لیق حیوان دور. انینک اوچون انکا ازار برماك یخشی ایماس. هوا بوزولغان یامغور یاغقان کونلارده بر کماغه کیریب یاتادور. کوز وقتیدا یرده بر توشوك کورلاب کیریب انینک اغزینی توپا بیلان برکتیب اندا اوخلاب قیش‌نی اوتکوزا دور (**قیش اویقو**).

سالمه قوم یا توپانینک ایچیده افتابلیق یرلارده تخوملارینی سالا

دور. تخوملاری نینک صورتی و چونکلوقی لوبیاغه اوخشاش دور؛ شکالی یومشاق و رنکی اقیش دور. سالمه تخوملارینی باسمایدور؛ افتاب نینک ایسّیقی بیلان بلالاری چیقادور. اناسی اولارنی پرورش قیلمایدور.

## پاقا.

پاقانینک تره‌سی توکسز دور وبلغمغه اوخشاش بر نرسه بیلان سوالغاندیک هول و سوغاق دور. کینی پوت‌لاری الدی پوت‌لاریدین اوزون و بارماق‌لاری تره بیلان بر بریکا توتاش دور. اول تره سو اوزکالی خذمت قیلادور (سو اوزماك تره‌سی). بارماق‌لاری نینک هیچ بریده تیرناق یوق دور. اغزی تولا کنک دور. یوقاری اینکاکیده اوشاق تیشلاری بار دور. انینک طعمه‌سی چیبین پشه و باشقه اوشاق جانور دور (فائده‌لیق مو یا ضررلیك مو؟). تیلی آدم نینک‌کی دیك ارقا طرفیدین توتاشلیق ایماس لیکن الدی طرفیدین توتاشلیق دور. طعمه‌سی نی توتقاندا تیلی نی یبلدام چیقاریب طعمه‌سی نی چاپلاشتوروب تارتادور. پاقا تینغاندا هوانی یوتوب الادور. انینک اوچون اغزی اوزوناق اوچوق تورسه تونجوقادور.

پاقا تولاراق نم یرلارده یورادور. قیشنی یر و تام کمالاریدا اوخلاب اوتکوزادور. اول جانی برك بر جانور دور. بعضیدا موزلاب قالسه هم اولمایدور. ایرته یازدا ایرککی نینک کوکوراغانی انکلانادور. اول وقتدا تیشی‌سی سو نینک دونك یرلاریکا باریب تخوم سالادور. تخوملاری حسابسز اوشاق دانه‌لار بولوب بلغمغه اوخشاش بر نرسه بیلان چاپلا شیغلیق دور. اولاردین افتاب نینک ایسّیغلیقی بیلان بلالار چیقادور. پاقانینک بلالاری (قومچاق) بلیققه اوخشاش دور. اولار نینک پوت لاری یوق دور امّا سو اوزکالی یاریلیق براداورغان قویروقی بار دور. تینیشی اوّلدا اونکا بیلان بولمای باشی نینک کینیده بولغان تاشقارقی

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

**نفسدانلار** بیلان بولادور. لیکن بولار برنچچه کوندین کین یوقالادور و اورنیغه **ایچکارکی نفسدانلار** پیدا بولوب بر توشوکدین سو کیریب چیقیب تورادورغان **نفسدان کواکی** دیکان بر کوال نینک ایچیده توراد ور. اغزیدا تیشی یوق دور. اولارنینک اورنیدا اینکاکی مونکوز جمدهسیدین بر نرسه برله قاپلاغلیق دور. انینک برلان قومو چاق یبدورغان اوشاق اوت خس نی اوزوب الادور. اوّل کینی پوتلاری اندین الدی پوتلاری چیقادور. آزغنه وقت دین کین قومو چاق نینک شکلی آهسته آهسته تبدیل تاپیب پاقانینک صورتیکا کیرادور. نفسدانلاری یوقالادور: تینیشی اوپکا بیلان بولادور و قویروقی بارا بارا ازلانیب یوق بولوب کتادور. اخریدا قوموچاق پاقا بولوب قوروقدا سکراب یورادور.

## قرا بلیق ٠

قرا بلیق نینک ایچ قات تره سی اوشاق یمولاق پالدیرلاب توراد ورغان نرسهلار بیلان چاپلاغلیق دور. تاش قاتی بلغم دیک بر نرسه بیلان سوالغان دور. بدنی ایکی طرفدین قیسیلغاندیک یاپلاق بولوب باش بیلان قویروق طرفیده اوچلانغان دور. صورتی موندا غ بولغانی برله سودا یورماککا موافق بولور. تره سی نینک بلغم دیک بولغانی سودا اسان مانکماقغه و اوپراب کتماسلیکیکا سبب بولور. بلیق نینک پوتی یوق لیکن برقسم قناتی بار. الدی پوتلارنینک اورنیغه ایکی **کوکس قناتی** و کینی پوتلار اورنیغه ایکی **قورساق قناتی** و اوچاسیدا ایکی **اوچا قناتی** باردور. همه قناتلاری یریک تره بیلان بر بریکا توتاشلیق ینکیچکا قیلتریقلاردین عبارت دور. اوچاسی نینک اوستون قناتی نی ارّه یاکه قیرغوچ دیرلار. ارّه نینک قیلتریقلاری قاتیق و اوچلوق بولوب چونک بلیق نینک یوتماقیدین کیچیک بلیق نی ساقلاغالی خذمت قیلادور. قالغان قناتلارنینک قیلتریقلاری یومشاق دورلار. اوچا قناتلاری

بیلان سونک قناتی سودا توغری تورماقیغه خذمت قیلادور. قویروق قناتی نینک یاریلیقی بیلان سو اوزادور. بلیق هر طرفکا قایریب یورکالی قویروقی نی ایشلاتادور. توختاماق لازم بولغاندا کوکس قناتی بیلان قورساق قناتی نی یاییب اوزینی توختاتادور. بلیق نینک ایچیده سیرت نینک استیده **الایلاتکوسی** باردور. اول یل بیلان تولاغلیق حالته دیک بر نرسه دور. بلیق چوککالی خواهلاغاندا لایلاتکونی ییغیادور یوقاری چیقّالی خواهلاغاندا انی کنکروتادور.

قرا بلیق نینک اوپکاسی یوق خاص نفسدانلار بیلان تینادور. اولار **نفسدان قاپقوسی** ( بلیق قولاقی ) بیلان یاپیلادور. قاپقوسی نینک هر بری استیدا بر کواک **(نفسدان کواکی)** بار دور. نفسدان کواکی اغیز طرفیکا بش یاروقی بیلان اچیلادورو تاشیغه چونکراق بر یاروقی بیلان قاپقوسی نینک کینیکا اچیلادور. نفسدان یاروق لاری اراسیدا چوچه لیق یومشاق **نفسدان تختهلاری** بار دور. نفسدان تختهلار نینک اوشاق تمورلاری تولادور. اولاردین قان اوتوب تورغان اوچون رنکی قزیل دور بلیق تینغاندا بر نرسه نی یوتقاندیک اغزینی اچیب یومادور. اغزینی یومغاندا سو انینکدین اون نفسدان یاروق لاری بیلان نفسدان کواک لاریکا کیرادور. اندا نفسدان تختهلاریداکی قان سودا بار هوادین اوزیکا تارتادور. نفسدان قاپقولاری اچیلغاندا سو کینیداکی یاروق لاریدین چیقادور.

قرا بلیق قرا سولاردا تیریکچیلیک قیلادور. اغزیدا اوشاق تولا تیشلاری باردور. اولار بیلان طعمهسی نی تُوتادور. قرا بلیق نینک تخوم سالادورغان وقتی ایرته یاز دور. اول وقت دا سونینک دونک یرلاریده تیشی سی تخوملارنی سالادور اولارنینک اوستیکا ایرککی سوت کا اوخشه بر نرسه سالادور. انینک بیلان تخوملاردا هر بیردین ینکی بلیق چیقّودیک قوّت حاصل بولادور. بلالاری افتاب نینک ایسّیقی بیلان

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چیقادور. بر بلیق‌نینک تخوملاری بر نچه یوز مینک دانه بولادور. شونداغ بولسه هم انچه پات غولدامایدور چونکه تخوملاری‌نینک و اوشاق بلالاری‌نینک تولاسی‌نی چونکراق بلیق‌لار و باشقه سو حیوانلاری یب کتادور.

## اولا یاکه اوی موزای.

789

اولا یا اوی موزای دیکان جانور لولولوقوتارغه اوخشایدور لیکن سودا یورمای تاغ‌نینک قراغایلیق یرلاریده یورادور. تره‌سی‌نینک اوستیده بلغم دیک برنرسه باردور. باشیدا تورت مونکوزی بار اولار طویادورغان اسبابی‌دورلار. اولا بولارنی ایچیکا تارتیب الیب ینه چیقارالایدور. اوستون ایکی مونکوزی‌نینک اوچیدا کوزلاری باردور. اغزی باشی‌نینک استی طرفیکا دور. انینک ایچیده تیشلیق ایکا کدیک تیلی بار. تیلی بیلان ییدورغان کوک اوت خس‌نی ایکا کداب ییدور. قورساقی‌نینک تکیده قالین کوشتی بار و اورمالاب مانکغاندا پوت‌نینک بدلیده بولادور. اول کوشت‌نینک اوستیده اوچای و قرین توراد‌ور. اوچاسی‌نینک تره‌سی خالته‌دیک بوش و قاتلاغلیق دور. انی سادر دیرمیز. سادر‌نینک اوستیده اولانینک **قساقی** تورادور اولا برنرسه‌دین قورققاندا ایغیلیب قساقی‌نینک ایچیکا کیریب الادور. قساقی سادردین چیقیب تورادورغان آهک سوییدیک بر نرسه‌دین پیدا بولادور. اولا اوسکان ساری قساقی هم اوسادور. بدنی سونکاک سز یومشاق و هول دور. انینک اوچون انی **رطوبتلیک جانور** دیرمیز اولانینک اوچاسیدا باش طرفیکا بر **تینیق توشوکی** بار بو توشوک بیلان هوا اوپکاکا کیرادور.

کوز وقتیدا اولا یرکا بر توشوک کورلاب اندا توروب قاپ‌نینک ایچیکا کیریب انینک اغزینی بر کتیب تیش‌نی اوتکورادور. اولا تخوملارینی یرکا کومادور. بلالاری افتاب‌نینک ایسّیقیدین چیقادورلار.

# آق کپیله .

آق کپیلەنینک ایچ استخوانی یوق دور لیکن ترەسی قاتیق دور و استخوان نینک خدمتی نی قیلادور (**تره استخوانی**). ترەسی حلقه حلقه بوغام بوغام دور. بوغاملارنینک ارالیقیداکی تره یومشاق باغیشلیق دور. موندا‌غ جانورنی **باغیشلیق جانور** دیرمیز. تنی ایکی یردین بوغولغاندیک اوچ حصەغە یعنی **باش تن اوتراسی و تن ایاغیغه** بولونادور. بدنی موندا‌غ توزولگان جانورنی **حشرات** دیرمیز. باشیدا ایکی کوز و ایکی **مونگوزی** بار. مونکوزلاری طویماق و بوراماق اوچون دور. اغزی بر نوردیک دور. کپیلە انینک بیلان گُللاردین طعمەسی بولغان عسلنی شورایدور. نوردیک بولغان اغیزنی **شورایدورغان اغیز** دیرمیز. تن اوتراسی نینک اوچ جفت تیرناغلیق و باغیشلیق پوتی و ایکی جفت قناتی بار. قناتی نفیس ترەدین بولوب یل بیلان تولغان اوشاق قاتیق نورلار بیلان یاپیلدور. نورلارنی **قنات تمورلاری** دیرمیز. قنات نینک اوستیده اوندیک اوشاق رنگلیک حساب سز دانەلار توراددور.

آق کپیلەنینک بدنی نینک یانلاریدا توشوکلار باردور (**تنیق توشوکلاری**) بولاردین نورلار چیقیب بدنی نینک هر طرفیگا یاییلغان دور. بو نورلار کپیلەنینک تینماقی اوچون دور (**تنیق نورلاری**).

آق کپیله تخوملارینی بعضی اوتیاشلارنینک یاپرماقیغه سالادور بولاردین **قورت**لار چیقادور. قورت نینک ینگیچکا توکلاری و تولا پوتلاری باردور. انینک اغزیدا تورت اینگاکی باردور بولار توغراسیغه اچیلادور. اینگاکلاری بیلان طعمەسی نی قیرقیب الادور (**قیرقغوچ اغیز**). کپیلەقورتنی یاپرماقلار یب تیریکچیلیک قیلادور. ترەسی نی بر نیچه مرتبه ینگوشلا کاندین کین یماکدین توختاب لایق بر جایگا تاپیب انگا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چاپلاشیب توروب تره‌سی‌نی تاشلایدور. تره‌سی‌نینک اورنیغه قالین و قاتیق بر **پوست** حاصل بولادور. پوستی‌نینک ایچیده کپیله قورتی اوخلاغاندیك بر حالدا توروب آهسته آهسته طیّار کپیله‌گا اوٓرولادور. طیّار بولغاندا پوستی سینادور و کپیله چیقادور.

## دیو اورماچوکی.

دیو اورماچوکی‌نینک تره‌سی کپیله‌نینک تره‌سیگا اوخشایدور امّا انینک دین یومشاق‌دور. باشی بیلان تن اوتراسی بر حصّه‌دور (**تن الدی.**) **تن اباغی** چونك یمولاق دور. باشیدا سکز کوزی بار مونکوزی یوق دور. اینکاکی تورت دور. اوستون اینکاک‌لارنی **نشتر** دیرلار. اولار اوچلوق ایلماك دور. باشی ایچیده ایکی **بز** باردور، بولاردین سویوق زهرلیك بر نرسه چیقیب نورلار بیلان نشتری‌نینک اوچیغه بارادور. انینک اوچون اوشاق جانورلارنی چاقسه اولار اولادور. پوت‌لاری تورت جفت دور تن اباغی‌نینک باغیشلاری یوق‌دور. ارقاسیدا اوشاق نوری بار التـه **مودور** توراد‌ور. اولاردین قویاق بر نرسه چیقیب هوادا قاتیب ینکیچکا ییپ‌لار بولادور. اورماچوك اولارنی تیرناق‌لاری برله سوزاب ایشلاتیب اولاردین تورینی توقویدور. اورماچوك تورنینک اوتراسیدا یا برچتیدا توروب مارایدور. اوشاق جانورلاردین بری تورغه توشوب توتولسه اورماچوك تورنینک میدیرلاکانیدین بیلیب انی الغالی بیلدام بارادور. اوزی‌نینک کوچی ینکودیك جانور الینغان بولسه انی ییپی بیلان یورکاب الیب اولتورادور. امّا کوچی یتماکودیك بولسه بیلدام انی اجراتیب قویادور. بر یردین ینه بر یرکا بارسه ییپ‌نینک یاریلیغنی بیلان بارادور. ییپی بیلان تیشی‌سی تخوم‌لارینی یورکاب قویادور. مونینك بیلان اولارنی قیش‌نینک سوغاقیدین ساقلایدور. بلالاری ایرته یازدا چیقادور. اولار کپیله بلاسیدیك اوّل قورت بولمای طیّار

اورماچوك بولوب چیقادور. اورماچوك هم تینیق نورلاری بیلان تینادور. چیان یاکه سریغ ایشاك اورماچوك جنسیدین دور. انینك پوت لاری هم تورت جفت دور. باشیدا ایکی چونك اینکاکی باردور. بولار قول نینك خدمتی نی قیلادور. اولارنینك هر بری قیسقاچدیك بولوب پوت لاریدین چونك دور. تن ایاغیدا بر نشتری بار باغیشلیق بر قویروقی باردور. چیان تخوم سالمای بلا توغادور.

## نهر سرطانی.

نهر سرطانی باغیشلیق بر جانور دور. ایچ استخوانی یوق بلکه ترەسی قاتیق شکال دور. باشیدا ایکی اوزون ایکی قیسقه یومشاق مونکوزی ایکی کوزی و التە جفت اینکاکی باردور. کوزی نینك هر طرفیکا حرکت قیلالایدورغان باغی بار. انینك اوچون سرطان ارقا طرفیکا هم قایلایالایدور. پوت لاری بش جفت دور. ایکی الدی پوتی چیان نینك چونك اینکاکیکا اوخشاش قیسقاچدیك دور. اولار بیلان طعمەسی نی توتادور. شکالی نینك ایچیدە بدن نینك ایکی یانیدا نفسدانلاری تورادور. قویروقی یایلاق. باغیشلیق دور و توغری تورادور. انینك استیدا اوشاق پوت لار باردور. اولار برلە تیشیسی بلالاری چیقونچە تخوملارینی کوتاریب یورادور. بلالاری تبدیل تاپمایدور بلکه تخوم لاریدین طیّار بولوب چیقادور. نهر سرطانی نینك اوزونلوقی تخمیناً تورت سونك بولادور تمام عمریدە اوسوب تورادور. انینك اوچون شکالی نی پات پات ینکوشلاماك لازم دور. شکالی ینکوشلانکاندە بعضیدا بر پوت بعضیدا بر کوز باغی اوزولوب کتادور. انداغ بولسە اورنیغە ینکی پوت کوز پیدا بولادور.

نهر سرطانی اوروپانینك بعضی اقین دریالاریدا باردور. کوندوزی بر تاش نینك تکیدە یا بر کمادا تورادور. کیچەسی طعمەسی بولادورغان

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اوشاق بلیق پاقا قورت و انداغ جانورنی توتقالی چیقادور. سو اوزکانده ارقا طرفیکا اوزوب مانکادور.

سرطان نینک برنچه قسمی بار دور بعضی سی اقین دریالاردا بعضی سی شور دریالاردا و ینه بعضی سی قورووقدا یورادور. اولار حشرات غه اوخشاش بوغام بوغام باغیشلیق دور لیکن تن ایاغی نینک قویروقی بار دور و پوتلاری تورت جفت دین زیاده دور.

**ایشاك قورتی** سرطان جنسیدین دور. اول زی اوی لارده و هول یرلارده یورادور. باشیدا ایکی مونکوزی بار دور. بدنی یاپلاق و باغیشلیق دور. پوتلاری ینه جفت دور. نفسدانلار بیلان تینادور. اولارنینک جایی قویروقی نینک استیدا دور. اول تخوم سالادور و بلالاری افتاب نینک ایسّیقی بیلان چیقادورلار.

## قزیل قورت یاکه یر قورتی.

یر قورتی نینک بدنی باغیشلیق پوتون بر پارچه دور. تره سی یومشاق دور. مونینک بیلان بدنی نی تولغاشتوروب اوزون قیسقه قیلالایدور. یر قورتی نینک باشی یوقدیک کورونور. کوزی یوق امّا بدنی نینک ینکیچکا اوچیدا اغزی بار دور. اورمالاکالی یاریلیق بولماق اوچون بدنیده ارقا طرفکا باقیشلیق توک لار بار لیکن بولار آدم کوزیکا کورونماکودیک اوشاق دورلار. تینماق اوچون هیچ نرسه سی یوق تینماقی؛ تره سی بیلان بولا دور. تره سی قوروب قالسه تینماقی ترسراك بولادور. انینک اوچون همیشه یر ایچیده توزادور. یرکا سو قویولسه و یا یامغور یاغسه یر اوستیکا هم چیقادور. قیشدا توننک یتمایدورغان یرلارکا کیریب الادور. طعمه سی ساسیغان جانورلار و اوت خسلاردور. ساسیغان نرسه لار بیلان بار تفراق نی هم یوتادور. شونینک برله یرنینک ایچیده یول لار قیلیب پیرنی کیاه لار اوچون یومشاتادور.

ایمدی بیان قیلینغان جانورلار اوشبو صنفلار و قسملارغه بولونور:

1. سیرتلیق حیوان یعنی ایچیده استخوانی بار حیوان .

## ا) قانی ایسّیق حیوان .

١. امچکلیک حیوان یعنی بلالارینی ایمیتیب باقادورغان حیوان (مثلاً موشوک و اط ).

٢. اوچارلیق یعنی تخوم سالادورغان و بلالارینی ایمیتمایدورغان حیوان ( مثلاً کبوتر ).

## ب) قانی سوغاق حیوان .

٣. اومالایدورغان و اوپکا بیلان تینادورغان جانور ( مثلاً سالمه ).

٤. پاقالار یعنی کیچیک وقتیدا نفسدانلار بیلان و چونک بولغاندا اوپکا بیلان تینادورغان جانور ( مثلاً پاقا ).

٥. بلیقلار یعنی تمام عمریده نفسدانلار بیلان تینادورغان حیوان ( مثلاً ترا بلیق ).

2. رطوبتلیک جانور یعنی استخوانی یوق و سادری بار جانور ( مثلاً اولا ).

3. باغیشلیق جانور یعنی استخوانی اورنیغه قاتیق ترەسی بار جانور.

١. حشرات یعنی التە پوتلوق جانور (مثلاً آق کپیلە ).

٢. اورماچوقلار یعنی سکز پوتی بار جانور ( مثلاً ریو اورماچوکی چیان ).

٣. سرطانلار یعنی سکزدین توللا راق پوتی بار جانور ( مثلاً نهر سرطانی و ایشاك قورتی ).

4. قورتلار یعنی نه سادری نه استخوانی یوق جانور ( مثلاً قزیل قورت ).

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# امچکلیک حیوانلار

## میمونلار.

میمونلارنینک بر نیچه قسمی بار دور. چونک بر قسمی‌نی **غوریلّه** دیرلار. انینک یوغانلیقی آدمچه باردور. قویروقی یوق دور. توکی قالین و قرامتول دور. قول‌لاری آدم‌نینک‌کی‌دین اوزون لیکن پوت‌لاری قیسقه راق دور. پوتی‌نینک باش بارماقی‌نی باشقه بارماق‌لاری طرفیگا میدیر لاتالایدور. ازیق تیشلاری آدم‌نینک‌کی‌غه اوخشه **مودورچاق** دور. مونداغ تیشلاری بار حیوانلار هم گوشت هم کیاه یب تیریکچیلیک قیلادور (**هر نرسه یکوچی حیوان**). غوریلّه یرده یورکانده کینی پوت‌لاری بیلان اوری مانکیب بر قولی بیلان تیانیب اینکیشیبراک مانکادور. درخت‌لاردا اسانلیق بیلان یورادور. طعمه‌سی تولاراق میوه دین دولغاچ درخت‌لاردا یوروب میوه ایستایدور. اندا هم شاخلار ییغیب قونادورغان جایی‌نی راستلایدور. غوریلّه دوراموچوق هوشیار و اچیغی یمان بر حیوان دور. اچیغی‌نی کلتورسه آدمغه هم یاناد‌ور. غوریلّه افریقا نینک جنگل‌لاریدا یورادور.

## غاجاغوچی حیوانلار

١. **سچقان**. سچقان‌نینک قولاقی چونک و قویروقی اوزون و توک سز دور. پوت‌لاری‌نینک بارماق‌لاری تیرناغلیق دور. اینکاکی‌نینک هر بریده ایکیدین یاپلاق ایتّیک اوتور تیشی بار دور. اولارنینک الدی طرفی مینا دیکان قاتیق بر نرسه بیلان قاپلاغلیق دور. کینی طرفی یومشاغراق بولغانی اوچون پاتراق اوپراب کتادور. انینک بیلان تیشلاری یغاچّی‌نینک ایسکنه‌سیدیک ایتّیک بولادور. اول تیشلاری

بیلان سچقان غاجاب ترتیب تولا نرسه‌لارنی بوزادور. شونداغ
تیشلارنی **غاجایدورغان تیشلار** دیومیز. مرکن تیشلاری
یوق دور. ازیق تیشلاری مودورچاق دور. سچقان آدم بارغان
یرگا ایرگاشیب یوروب تمام عالمگا تارالغان دور. قیشدا آدم اولتور
غان اوی‌لارده تولاراق یورادور امّا یازدا اشلیق تیریغان یرلارگا
چیقیب اندا یاز وقت‌نی اوتکوزوب کوزده ینه آدم اوی‌لاریگا یانادور.

**تولوم سچقان** دیگان چونگراق بر سچقان دور. انینک
رنگی اقیشراق و قویروقی قیسقه دور. انینک اغزی تولوم‌دیک دور.
اشلیق‌نی اغزیدا توشوب اوّاسیدا کومادور.

۲. **طاوشقان** نینک رنگی بوز دور. قار تولاراق یورت‌لاردا
رنگی قیش وقتیدا آق بولادور. طاوشقان‌نینک قولاق‌لاری چونک والدی
پوت‌لاریدین کینی پوت‌لاری اوزون‌دور. اوستون کالپوکی تیوه‌نینک
کی‌دیک یوچوق و اوتور تیشلاری ایسکنه‌دیک ایتّیک دور. مرکن
تیشلاری یوق ازیق تیشلاری اط‌نینک‌کی‌دیک جیکجیغلیق دور.
طاوشقان جنگل و تاغلاردا یوروب گیاه بیلان تیریکچیلیک
قیلادور. یاز وقتیدا اوت و اشلیق‌نینک کوکی‌نی ییدور. قیش
وقتیدا درخت مودورچاقی و قوبوزاقی ییدور. کوندوزی بر دالدا
یرده یاتادور کیچه‌سی طعمه ایستاب چیقادور. طاوشقان تولا
قورقونچاق بر حیوان دور. انکلاماق قوّتی ایتّیک بولغانی اوچون
هر قانچه پست اون بولسه هم انکلایالایدور. بر خطر بولادور
غان‌نی طویسه قوتولماق اوچون ایتّیک قاچادور. انینک رنگی یورگان
یرنینک رنگیگا اوخشاغانی اوچون آولاغوچیلارانی اونگای کورالمایدور.
شونینک بیلان تولا وقت قوتولادور.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# يرتقوچيلار.

۱. **يولبارس.** يولبارس نينك رنكى قيزغيش سريغ و قرا يول
لوق دور. يرتقوچيلار نينك اراسيدا همه دين هيبتليك دور. كوچى
شونچه باركه بر اطنى توتوب سوروب اليب كتالاديدور. يولبارس
هندستان نينك ساسليق جنكللاريدا بولادور. درختلار نينك اراسيدا
بوكوب توروب چونك حيوانلار و هم آدملار توتوب اولتورادور.
بو يورتدا بعضى يرلارده يولبارسغه اوخشاش كچيكراك **پلنك**
و **بارس** ديكان حيوانلار بار دور. اولار نينك تره سى چوكور كُل لوق دور.
**شير نينك** رنكى سريغ دور. ايركَكى نينك بوينى بيلان كوكسيده
چونك قالين يالى باردور. شير نينك كوچى يولبارس نينككى بيلان
برابر دور ليكن خون خوارليقى انينكچه ايماس دور. كوندوزى
درختلار نينك اراسيدا بوكوب ياتادور. قرانكغو توشكانده شكارغه
چيقيب هيبتليك بر آواز چيقاريب اولويدور. شير تولاراق افريقا
نينك چوللاريده و جنكللاريدا بولادور ليكن هندستاندا هم
باردور. يولبارس و شير موشوك جنسيدين بولادور. تيشلارى و
تيرناقلارى موشوك نينككى غه هم اوخشه دور.
۲. **قاما.** قاما موشوكدين ارغنه چونك دور. بارماقلارى نينك
اراسيدا سو اوزماك تره سى بار دور. بر ايچيده سوغه بارادورغان لقمه
كورلاب اوآسى نى راستلايدور. قاما بليق يب تيريكچيليك قيلادور.
۳. **ايبق.** آييق چونك و كوچلوق بر حيوان دور. توكى
قالين و رنكى قرامتول يا زغير رنك دور. آييق نينك تيشلارى تولا
راق يرتقوچيلار نينك تيشلاريغه تمام اوخشامايدور. هر اينكاكى
نينك ياننيدا ايكيهدين چونك مودورچاق ازيق تيشى باردور.
موطينك بيلان طعمه سى نى ازيب جاينايالايدور. كچيك وقتيدا

کیاه یب تیریکچیلیک قیلادور امّا چونك بولوب کوشت تاتیقی‌نی بیلگانده کوشت یب کله قوی و آدم باقادورغان باشقه حیوان‌نی اولتورماکی بیلان تولا زیان یتکوزادور. آییق آدم‌غه اوخشاش تمام تاپان بیلان باسیب مانگادور (باشقه یرتقوچیلار بارماق لاری بیلان باسیب یورادور). بر حیوان‌نی توتسه اوری تورروب قول لاری برله اورروب اولتورادور. قیش وقتی یقین بولغاندا طعمه‌سی آز راق تاپیلغاندا پنهان یرده بر جای راستلاب قیش‌نی اوخلاب اوتکوزادور. آییق تاغلاردا و جنگل‌لاردا یورادور.

۴. **ایت.** ایت‌نینگ هم آییققه اوخشه اینگاک‌لاری‌نینگ یانیدا ایکیدین چونك مودورچاق تیشی بار. مونینگ اوچون اول کیاه جنسیدین بولغان‌نی هم ییالایدور. لیکن همه‌دین کوشت‌غه حرصراق‌دور. ایت بارماق‌لاری برله دبساب یورروب توتادورغان نرسه‌نی قوغلاب توتادور. یورکانده کومشارینی یرکا یقین توتوب مونینگ بیلان حیوان‌نی ایزیدین بوراب تاپادور. آدم ایت‌نی اوی مال‌لارینی ساقلاماق اوچون هم شکار و باشقه تولا ایشلار اوچون باقادور. اول آدم‌غه همه‌دین وفادار حیوان‌دور.

**بوری** چونکراق ایت‌قه اوخشایدور. رنگی کوکوش قموش رنگ قویروقی‌نی توبن توتوب سانگولاتیب یورادور. یاز وقتیدا طاق طاق ویا جفت جفت بولوب جنگل‌لاردا یورادور. امّا قیشدا توپ توپ بولوب آدم تورادورغان یرلارده یورروب مالغه قصد قیلادور. بوری اچ بولماسه یا یالغوز بولسه آدم‌دین قاچادور امّا تولا بولغان یرلارده قیش قاتیق بولغاندا و قار تولا یاغقاندا طعمه تاپماغاچ تویلاشیب یورروب سفر قیلغان آدم‌غه هم یانیب انی اولتورروب ییدور.

**تولکی** بوریدین کچیک دور. رنگی قیزغیش و کومشاری اوچلو

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

غراف دور. قویروقی‌نینك توك‌لاری اوزون و قالین دور. کوندوز یر ایچیداکی اوّاسیدا و یا افتابلیق یرده یاتادور. کیچه‌سی شکار اوچون چیقادور. بر توخی طاوشقان قوزی یا باشقه حیوان‌نی توتار بولسه و یا بر خطرغه یولوقسه چونك عقل‌لیق و حیله‌کرلیك کورساتادور. بوری و تولکی ایت‌نینك جنسیدین بولادور.

## دریا آیوسی.

دریا آیوسی یاکه دریا موزایی دیکان حیوان شوردریانینك سوغاقراق طرف‌لاریده باردور. انینك بدنی بافکار موکاسیدیك ایکی طرفی اوچلوق دور. اوزونلوقی ایکی کزدین اوزون دور. پوت لاری قیسقه، کینی پوت‌لاری بلیق قویروقیدیك کینیده توراد‌ور و بارماق‌لاری سو اوزماك اوچون تره بیلان بر بریکا توتاشلیق‌دور. تره‌سی‌نینك یریك قیسقه و پارقیرایدورغان توك‌لاری باردور. اتی بیلان تره‌سی‌نینك ارالیقیدا قالین بر قات یاغ توراد‌ور. انینك برله سوغاقدین ساقلانادور و بدنی سو اوزوشکا موافق ینیك بولادور. اریق تیشلاری‌نینك همه‌سی اوچلوق ایتّیك دورلار.

دریا آیوسی بلیق یب تیریکچیلیك قیلادور. انینك اوچون تولاراق سودا یورادور. سو تکیکا چومکانده قولاقی بیلان بورنی‌نی ایتیب الادور. اوپکا بیلان تینادور. انینك اوچون سونینك تکیده اوزون تورالمایدور. آرام السه یا بلالارینی ایمیتادورغان بولسه قوروققه و یا موز اوستیکا چیقادور. برخطر بولوشنی طویسه درحال سوغه توشوب کتادور. دریا آیوسی شمال طرف‌لارداکی خلققه تولا ضرور بر حیوان دور: تره‌سیدین ایکین قیلادور کوشتی‌نی ییدور و یاغی‌نی چراققه ایشلاتادورلار.

# وال یاکه شور دریانینك نهنکی.

والنینك بر نیچه قسمی باردور. چونکراقی‌نی کرونلاند والی دیرمیز. اول همه‌دین چونك حیوانلارنینك بری‌دور. صورتی بلیققه اوخشه امّا قویروقی توغری تورمای ایکی طرفکا قناتدیك یاییلغان دور. قویروقی نهایت کوچلوق دور. انینك یاردمی بیلان سو اوزادور. الدی پوت‌لاری اورنیغه قنات‌لاری باردور کینی پوت‌لاری یوق‌دور. تره‌سی توك‌سز دور. آت بیلان تره‌نینك ارالیقیمدا قالین بر قات یاغ تورادور. باشی تمام بدنی‌نینك اوچدین بری بولادور. کوزلاری کیچیك و قولاق‌لاری تاشیدین کورونمایدور. بورون توشوك‌لاری باشی‌نینك اوستیده دور. اغزی کیچیکراك کمه پاتقودیك چونك دور امّا کالی تاردور. چونك حیوان‌نی یوتالمایدور. اغزیدا تیشی یوق دور لیکن اولارنینك اورنیدا یوقارقی اینکاکیده بر بریکا یوز طرقی بیلان یانداشلیق نهایت تولا مونکوز جمله‌سیدین بولغان تخته‌لاری باردور. بولارنینك ایچ طرفی چوچه‌لیق دور. وال همیشه سودا توروب نهایت ییلدام سو اوزوب یورادور. اغزینی اچیب یورسه اوشاق بلیق‌لار و باشقه جانورلار سو بیلان کیریب قالادور. اغزینی یومسه سو مذکور تخته‌لار اراسیدین سوزولوب چیقادور لیکن اوشاق جانورلار چوچه‌لارغه چاپلاشیب قالور. اندین وال اولارنی یوتادور. تینیشی بورون توشوك‌لاری بیلان بولادور. بورون توشوك‌لاری سو اوستیده بولماغان وقت‌دا دمی‌نی تاشقاری چیقارسه دمی سونی ایکیز اورلاتیب ساچادور. وال بلا توغوب اولارنی ایمیتادور. قاذی ایسّیق حیوان دور.

والنینك یاغی‌نی و اغزیداکی مذکور مونکوز جمله‌سیدین بولغان تخته‌لارینی آدم تولا ایشلارغه

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

لازم قیلادور. انینک اوچون والدی تولا شکار قیلورلار.

## خُرطوملوق حیوان.

**فیل** قورووقداکی همه حیوانلاردین چونک دور. تره‌سی قالین تولی تراقسای و تومشوقی اوزون دور. تومشوقی‌نی خُرطوم دیرلار. تنی قوپال و پوتلاری یوغان دور. بارماقلاری بربریکا توتاشلیق و تواغلیق دور. یوقاری اینکاکیده ایکی نهایت اوزون یوغان اوتور تیشی باردور. اولارنی **دندان** دیرلار. فیل خُرطومی بیلان طعمه سی‌نی الیب اغزیغه سالادور. اول تنچ یواش بر حیوان دور امّا باشقه حیوان آزار برسه اچیغی بیلان دندان و خُرطومی برله اورادور. عقلی و هوشیارلیقی تولاراق باشقه حیوانلارنینک‌کی‌دین زیاده دور. مونینک اوچون پات کوناندور. آدم انکا مینماک و یوک ارتماق اوچون انی توتوب باقادور. فیل هندستان و افریقانینک جنکللاریدا توپ توپ بولوب اوتلاب یورادور. دندانلاری قیمت بها بر نرسه دور. اولارنی تولا ایشقه ایشلاتادورلار.

## تواغلیق حیوانلار.

۱. **کله.** کله‌نینک سلیق اکرو مونکوزی باردور. اولار باش سونکاکیدین چیقیب تورغان مرکز و انینک اوستیده قاپلانغان مونکوزدین عبارت دور. پوتلاری‌نینک هر بریده تورت‌دین بارماقی باردور. ایکی‌سی کچیک دور و یرکا تکمای توراددور. اولارنی شاقشاق دیرلار. ینه ایکی‌سی‌نینک تواقی باردور. اولار بیلان دبسناب مانکا دور. کله‌نینک یوقارنی اینکاکیده اوتور تیشلار اورنیدا مونکوز جنسی‌دین بولغان قاتیق بر قاش تورادور. انینک بیلان ییدورغان اوت و کیاه‌نی اوزوب الادور. ازیق تیشلاری جیججیغلیق دور. کله

تولا وقت قوّتی آز نرسه‌لار مثلاً اوت و سمان بیلان تیریکچیلیک
قیلادور. انینک اوچون تولا ییدور و اوروندا هضم قیلادور. هضمی
یخشی بولماقی اوچون کله‌نینک اوزون بر هضم نوری و تورت
قرینی باردور. اولارنی کوتن قرین بورکی توقوز تولوق
و شیردان دیرمیز. کوتن بیلان قرین بورکی کال‌نینک یعنی قزیل
ککیدیک‌نینک یانیدا تورغان ایکی خالته بولوب بر یاروق
بیلان انکا قوشولادور. طعمه‌سی یوتولوب کتکاندا بر توپ‌دیک بولور.
مذکور یاروققه یتکانده انی اچیب کوتنکا کیرادور. اندا تورروب
یومشاب قرین بورکیکا کیرادور. اندین کله موزی آز آز دین ینه
اغزیغه یاندوروب چاینایدور. ایکنچی مرتبه یوتولغاندا طعمه‌سی
اوبدان ایزیلکان و سویوق دور. انینک اوچون سوغه اوخشاش
کوتن‌نینک یاروقیدین اوتوب کتیب توقوز تولوقققه کیرادور. اندین
شیردانغه و کین اوچای‌لارکا اوتادور. موندا اغ طعمه‌سی‌نی ایکنچی
مرتبه یاندوروب چاینایدورغان حیوان‌نی کوشایدورغان حیوان
دیرمیز. کله آدم باقادورغان حیوانلارنینک کوچلوق و فائده‌لیق
راقیدین بری دور.

قوی‌نینک مونکوزی قیرلیق و یورکام دور. توکی یومشاق و کده
دور. انی یونک دیرلار.

اچکو‌نینک مونکوزی‌لاری قیرلیق و یوقاریغه اکمه‌دور. توکی
یریک قیلچانک دور. انی چوپور دیرلار. چوپورنینک تکیده
تببت باردور. شونینکدین شال دیکان خریدنی توقویدورلار.

۲. بوغا. بوغانینک چونکلیقی کچیک اطدیک باردور. رنکی
قیزغیش دور امّا قیشدا بوزراق بولور. مونکوزی شاخلیق دور.
اولارنی ییلدا بر تاشلایدور. مونکوزی ینکی چیققاندا توکلوق
تره‌سی بار لیکن اوسوب بولوب قاتیق بولغاندا تره‌سی سویولوب

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

توشوب کتادور. هر وقت ینکیدین اوسکانده مونکوری چونکراق و
شاخلاری تولاراق بولادور. مونکوری نینک ایچی کلەنینککی دیک
یومشاق ایماس لیکن تمام مونکوز دور. بوغانینک تیشی‌سی‌نی
مرال دیرلار. انینک مونکوزی یوق.

**کیک** بوغادین کچیک دور. پوتلاری اوزون و یوروشی نهایت
ایتّیک‌دور. مونکوزی توم و اولارنینک ایچی اچکونینککی‌دیک یومشاق
دور. اولارنی تاشلاب ینکوشلامایدور. توکی قیسقه و قالین دور.

۳. **تیوه.** تیوه یاکه **توکه** اطدین چونک‌دور. مونکوزی
یوق دور. تیوەنینک ایکی قسمی بار. بری‌نینک بر لوکاسی یەنه بری
نینک ایکی لوکاسی اوچاسیدا باردور. بر لوکالیک تیوەنی بخارا
تیوەسی دیرلار. لوکانینک ایچی تمام یاغ دور. بارماقلاری نینک
تکیده قالین تره باردور. خلق انی تاپان دیرلار اما اصل تاپان
یوقاریراق توراذور. پوت‌نینک شاقشاقی یوق دور. خلق تیوەنی
یوك ارتماك اوچون و مینماك اوچون باقادور. تیوه بولماسه سوییی
یوق چونک چوللاردین اوتکالی بولماس ایردی. تاپانی کنك بولغان
اوچون قومغه پاتیب قالمایدور. یوقارقی کالپوکی اچا پوچوق‌دور
و یوقارقی اینکاکی‌نینک اوتور تیشلاری اکرو و اوچلوق بولوب
تیکانلار و درخت شاخلاری اوزکالی تولا موافق دورلار. یکولوك
تاپماغان وقت‌دا لوکاسیداکی داغ بدنیکا غذا بولادور. اول وقت
لوکاسی سولاشیب قالادور. سو ایچسه بر نچه کون یتکودیك
ایچادور. انینک برله اوسوزلوق و آچلیققه باشقه حیواندین
اوزونراق چیدایدور.

۴. **تونکوز.** تونکوزنینک توکی تولا یریك دور. پوتلارینینک هر
بریده تورت‌دین بارماقی باردور. همه بارماقلاری تواغلیق دور.
هر پوت‌نینک الدی بارماقی بیلان دبساب مانکادور. کینی ب.ره.ق

لاری یرکا تکمای توراد‌ور. کومشاری اوزون مرکن تیشلاری کوچلوق و اوستون طرفیکا اکرو دور. اولارنی قیرغو دیرلار. تونکوز هر نمه ییدور. کومشاری برلان یلدیز و قورت تاپماق اوچون یرنی کورلایدور. مذکور تواغلیق حیوان‌نینک خلافیدا تونکوزنینک بر قرینی باردور. انینک اوچون کوشامایدور. تونکوز سالقین‌نی یخشی کورکان اوچون سو ییغیلیب قالغان یرلارده اغینایدور. لیکن یاتادورغان یرنی قوروق خواهلایدور. انینک اوچون قوروق، اوت خس و شونینکغه اوخشاش نرسه‌لارنی ایاغیغه ییغیب یاتادور.

٥ اط (کتاب‌نینک تورتونچی صفحه‌سیغه قایلاغیل!). **ایشاک** اط‌دین کچیک امّا قولاق‌لاری اوزون و قویروقی کله‌نینک‌کی‌دک اوخشاش دور. ایشاک اط‌دین چیدام‌لیک و یواش امّا هم جاهل و قاشانک دور. خلق انی مینماک و یوک ارتماق اوچون باقادور.

## شب پرّک.

**شب پرّک** ایمیتکو حیوانلارنینک کچیک‌لاریدین دور. الدی پوت بارماق‌لاری‌نینک تورتی تولا اوزون و بربریکا توک‌سز و نفیس تره بیلان توتاشلیق دور. اول تره بدن‌نینک یانلاریغه کینی پوت‌لاریغه و قویروقیغه هم توتاشلیق بولوب قنات‌لارنینک خذمتی‌نی قیلادور **(قنات‌تره‌سی)**. ازیق تیشلاری **اوچلوق مودورچاق** دورلار. موندا‌غ تیشلار حشرات‌نی سانجیب ایزکالی موافق دور. موندا‌غ تیشلاری بار حیوانلارنینک تولاسی حشرات قورت و اندا‌غ نرسه‌لار بیلان تیریکچیلیک قیلادور **(حشرات یکوچی)** شب پرّک یاز وقتی اخشام و کیچه‌لارده اوچوب یوراد‌ور. اوچوشی کپیله‌نینک کی‌دک اوخشایدور. انکلاق قوّتی نهایت ایتّیک دور. طویوق قوّتی خصوصاً قنات تره‌سیده هم تولا ایتّیک دور. انینک

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اوچون تولا قرانکغو بولسه هم طعمه‌سی بولادورغان چبین کپیلده و اولارغه اوخشاش جانورلارنی تاپیب توتالایدور. آرام الغاندا باش بارماقلاری و یا کینی پوتلاری برله درختغه یا تاملارغه اسیلیب توراودور و قناتلاری بدنی‌نینک یانلاریدا قاتلاشیغلیق بولوب توراودور. موندااغ توروب قرانکغو یرده مثلاً درخت‌نینک کواکیده تام یاروقیدا کوندوزنی اوتکوزادور. قیش‌نی آدم اولتورمایدورغان اوی‌لارده یا سوغاق یتمایدورغان باشقه یرلارده اوخلاب اوتکوزادور.

## حشرات یکوچی.

کیرپه کیرپه‌نینک اوچاسیدا و یانلاریدا توك اورنیدا تیکانلار باردور. بر خطر واقع بولسه باشی‌نی ایچیکا تیقیب توکولوب تیکانلارینی هر طرفکا تککودیك چیقارادور. طعمه‌سی سچقان یلان و حشرات دور. اولارنی کیچه‌ده توتادور. قیش‌نی اوزی کورلاغان بر توشوکده اوخلاب اوتکوزادور.

# آدم

آدم بدنی‌نینک باشلیق حصّه‌لاری باش تن واعضالار دور.
باشدا چوقا الدی‌جولا کینی‌جولا و چکه‌لار باردور.
تنده بویون اوچا سینه قورساق باقین‌لار یانباشلار موره‌لار و اوشنه باردور.

اعضالار یعنی قول پوت ایکیدین بولور.

قول بیلاک و پنجه بیلان تمام بولادور. بیلاک جایناکدین ایکیکا یعنی یوقارقی بیلاک و توبنکی بیلاککا بولونادور.
پنجه‌سی پنجه باغیشی الاقان و بارماق‌لار بیلان تمام بولور.

پوت یوتا پارچاق و پوت پنجه‌سی بیلان تمام بولور.
پوت پنجه‌سی هوشوق باغیشی تاپان الاقان و بارماق‌لار بیلان تمام بولور.

باش و تن‌نینک ایچیده برنچه کواک‌لار باردور. مشهور راقی مینکه کواکی بورون توشوک‌لاری، اغزکواکی سینه کواکی و قورساق کواکی دور. سینه و قورساق کواکی‌نینک ارالیقیدا کوشت‌دین بولغان بر پرده باردور. انی معده‌پرده‌سی ایتورمیز.

## تره.

تره ایکی قات دوریعنی‌تاش تره و ایچ تره.

تاش تره سویولسه قان چیقمایدور هم اغریمایدور. رنکی آق سریق قزیل و یا قرا بولادور. تاش تره یوپقا دور امّا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

باسیلیب ایش بیلان اوروشغان یرلاری قالین بولوب قالادور.

تاش ترەدین بر پارچە سویوب الیب خُرْدەبیندە کورساك اوشاق حساب‌سز دانەلاردین عبارت بولغانی‌نی کورامیز. بو دانەلارنی **سَلّلار** ایتورمیز. ترەنینك ایچ طرفیداکی سَلّلار یومشاق و یمولاق اما تاش طرفیداکی‌لار قاتیق و یاپلاق دورلار. تاش طرفیداکی سَلّلار آهستە آهستە اوپراب کیپکلانیب توشوب کتادور. اولارنینك اورنیغە ایچ طرفیداکی یومشاق سَلّلار دائم یاریلیب تورغانی برلە ینکی سَلّلار پیدا بولوب آهستە آهستە تاش طرفیکا چیقیب توروب یاپلاق قاتیق بولورلار.

**ایچ ترە** تاش ترەنینك استیدا توروب انینکدین قالین دور. اول سَلّلاردین پیدا بولغان نهایت ینکیچکا بیپ‌لاردین توقولغان دیك دور. (بدن‌نینك همە عضولاری مونداغ توقولمەلاردین عبارت دور.) ایچ ترە سویولسە قان چیقادور هم اغرییدور.

ترەدە **تیرناق و توکلاری** باردور.

**تیرناقلار** بر بریکا قاتیق چاپلاشقان تاش ترە سَلّلاریدین عبارت دور. مذکور سَلّلار همیشە تیرناق‌نینك توبیدین و استیدین چیقیب تیرناققە قوشولوب تورادور. مونینك بیلان تیرناق همیشە اوسوب اوزون و قالین بولوب تورادور.

**توکلار** تاپان بیلان الاقاندین باشقە بدن‌نینك همە یرلاریدە باردور. اولار هم تیرناققە اوخشە تاش ترە سَلّلاریدین حاصل بولوب ترەدە بولغان چوقور راق یرلاردە تورادور. اول چوقورلارنینك تکیدین تاش ترە سَلّلاری همیشە توکلارنینك توبلاریکا قوشولوب تورغانی برلە توکلار اوسوب تورادورلار. ایچ ترەدە توکلارنینك یانیدا اوشاق **بزلار** باردور. بولاردین یاغ آیریلیب چیقیب ترەنی و توکلارنی یومشاق ساقلایدور.

آدم بدنی‌نینک ایچ کواک‌لاریده ئم تره باردور. اول تره‌داکی بزلاریدین یاغ آیریلمایدور لیکن بلغم‌غه اوخشاش بر نرسه چیقیب تره‌نی هول و سیلیق ساقلایدور.

## عضله‌لار.

تره‌نینک استیدا کوشت توراددور. اول تولا جزء لارغه بولونکان دور. هر موندا غ جزءنی **عضله** دیرلار. عضله‌لارنینک تولاسی توم و موکادیك ایکی طرفیکا اوچلانغان و پی برله سونکاککا توتاشلیق دور.

عضله‌لارنینک هر بری نهایت ینکیچکا قزیل ییپغه اوخشه نرسه‌لاردین باغلانغان دور. عضله‌لار ییغیلغولوق دورلار. ییغیلغانده قالین و قاتیق بولادور. موندا غ بولغانی‌نی اوستون بیلاك‌نینک اوستیداکی عضله‌کا قایلاساق کورامیز. اول عضله ییغیلیب قالین و قاتیق بولغانی برلان توبن بیلاك اوستون بیلاك طرفیکا ییغیلادور. عضله بوشاتیلماغونچه توبن بیلاك سونیلالمایدور. اوستونداکی عضله بوشاتیلماقی برله بیلاك سونیلالایدور. بو حرکت اوستون بیلاك‌نینک استیداکی عضله‌نینک ییغیلماقی برله بولادور.

**پند: عضله‌لارنی حرکت‌کا کلتورماك لازم دور بولماسه سُستلاشیب قالادور.**

## سونکاك‌لار.

آدم‌نینک بدنیده ایکی یوزدین زیاده سونکاك باردور. بولارنینک همه‌سی‌نی قوشوب **استخوان** دیرلار. کچیك بلانینک استخوانی‌نینک تولاراقی یومشاق بر نرسه‌دین عبارت دور. اول نرسه‌نی

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کومالچک یا ترامو‌چ دیرلار. کچیک بلا اوسکانده کومالچکده اهک جنسیدین بولغان اوشاق دانه‌لار پیدا بولوب توراددور. مونینگ برله اول آهسته آهسته قاتیب سونگاک بولادور. لیکن بعضی یرلار مثلاً بورون سونگاکی نینگ اوچی قولاق کومالچکی و کارنای اصلا قاتمایدور.

باش نینگ سونگاک‌لاری ایکیگا بولونور یعنی چناق سونگاک‌لاری و یوز سونگاک‌لاری. چناق سونگاک‌لاریدین الدیدا پشانه سونگاکی کینیده چوقا سونگاک‌لاری بیلان کینی جولا سونگاکی و یانلاریدا چکه سونگاک‌لاری باردور. کینی جولا سونگاکی نینگ برتوشوکی (کینی جولا توشوکی) باردور. یوز سونگاک‌لاری بورون سونگاک‌لاری قبوز یاکه کچات سونگاکی یوقارقی بیلان توبنکی اینگاک سونگاک‌لاری دور. اینگاک سونگاک‌لاریده تیشلار نینگ جایی دور.

باش سونگاک‌لاری نینگ تولاسی بربریگا محکم توتاشلیق اوچون میدیرلاماس. خاص توبنکی اینگاک‌نی میدیرلاتقالی بولادور. انینگ باغیشلاری چکه سونگاک‌لاریده دور. انینگ ایکی طرفیده چکه سونگاک‌لاریدا کی باغیش کوا کیده توراددورغان باغیش تورومی باردور. باغیش تورومی بیلان باغیش کواکی نینگ یوزلاری کومالچک بیلان قاپلاغلیق و سیلیق دور. باغیش قاپی دیگان محکم پیکا اوخشه بر نرسه باغیش نینگ چوره‌سیگا قاپلاغلیق دور. مذکور قاپ و بر نچه پی‌لار و عضله‌لار نینگ یاریلیقی بیلان باغیش محکم توراددور. باغیش نینگ ایچی همیشه بلغمغه اوخشاش باغیش سویی دیگان بر نرسه‌دین هول بولوب توراددور.

تن نینگ سونگاک‌لاری سیرت سونگاکی سینه سونگاک‌لاری اوشنه سونگاک‌لاری و یانباش سونگاک‌لاری دور.

1078 I.

**سیرت سونکاکی** بر بری نینک اوستیکا تیزیغلیق **بلدم لار** دین پوتون بر سونکاکدیک بولوب دور. بلدملارنینک تولاسی نینک اوتراسی توشوک دور (**یولون توشوکی**). ارقا طرفیده عضلەلار توتاشماقی اوچون پوتاقدیک نرسەلاری بار دور. بلدملار نینک توشوکلاری نینک هممەسی قوشولوب **یولون نوری** بولادور. اول کینی جولا توشوکی بیلان مینکه کوا کیکا قوشوغلوق دور.

بلدملار **بویون بلدملاری سینه بلدملاری بل بلدملاری توقوزکوز بلدملاری** و **قویروق بلدملاری** دور. هر بلدملار اراسیدا تختە کومالچکلار بار. مونینک اوچون سیرت ایکیلکولوک دور بدن بر طرفیکا ایکیلسە کومالچک تختەلاری نینک شو طرفی نفیس بولادور و ینه بر طرفی قالین تورادور. اوزوندراق شونداغ تورسه سیرت اکرو بولوب قالادور.

**سینه سونکاکلاری توش سونکاکی** و یکرمه تورت **قابرغه سونکاکی** دور. توش اوکراکدین قورساق کوا کیغیچه اوزولغان بر یاپلاق سونکاک دور. قابرغەلار جفت جفت بولوب سیرتکا توتاشلیق دورلار. یوقارقیلاری کومالچک بیلان توش سونکاکیکا هم توتاشلیق دور.

**اوشنه سونکاکلاری دوله سونکاکلاری** و **اوکراک سونکاکلاری** یاکه **موره سونکاکلاری** دور. دوله سونکاک لاری یعنی **تارغاقلار** یاپلاق دور. اولار سیرت سونکاکی بیلان سینه سونکاکلاریکا محکم عضلەلار برله توتاشلیق دور. اوکراک سونکاکلاری نینک بر اوچی توش سونکاککیکا ینه بر اوچی دوله سونکاککیکا توتاشلیق دور. اوشنه سونکاکلاری قوللارنینک برکیکان یری دور.

**یانباش سونکاکلاری** هم توقوز کوز بلدملاریکا هم بر بریکا محکم توتاشلیق دورلار. اولار بوت سونکاکلاری نینک برکیکان یری دور.

137

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قول‌لارنینک سونکاک‌لاری بردین اوستون بیلاک سونکاکی ایکیدین توبن بیلاک سونکاکی سکزدین پنچه‌باغیش سونکاکی بشدین الاقان سونکاکی اون تورت‌دین یعنی باش بارماقیدا ایکیدین و قالغان بارماق‌لاردا اوچدین بارماق سونکاکی دور. اوستون بیلاک‌نینک یوقارقی باغیش دوله سونکاکی بیلان توتاشلیق و توبنکی باغیشی توبن بیلاک سونکاک‌لاری برله توتاشلیق دور. توبن بیلاک‌نینک ارقا طرفیداکی سونکاکی‌نینک یوقارقی اوچی‌نی جیناک دیرلار اول عضله‌کا توتاش یری دور و توبن بیلاک‌نی کینی طرفیکا قایریلیشدین توسادور.

پوت‌لارنینک سونکاک‌لاری بردین یوتا سونکاکی ایکیدین پارچاق سونکاکی یته‌دین هوشوق باغیش سونکاکی بشدین پوت الاقان سونکاکی اون تورت‌دین یعنی باش بارماقیدا ایکیدین و قالغان بارماق‌لاردا اوچدین بارماق سونکاکی دور. یوتا سونکاکی‌نینک یوقارقی باغیشی یانباش سونکاکی بیلان توتاشلیق و توبنکی باغیشی پارچاق نینک الدی سونکاکیکا توتاشلیق دور. تیز باغیشی‌نینک اوستیده لیک دیکان سونکاک بار دور. اول بر پی ایچیده تورادور. هوشوق باغیشی سونکاک‌لاری‌نینک بری کینی طرفیکا چیقیب تورادور. اول تاپان سونکاکی دور.

استخوان بدن‌نینک یومشاق یرلارینی ساقلاماق و تورغورماق اوچون دور.

## هضم اسباب‌لاری.

هضم اسباب‌لاری هضم نوری بیلان انکا تعلّق بزلار دور.

هضم نوری نینك حصّه‌لاری **اغیز کواکی یوتقولوق کال قرین و اوچای** دور.

**اغیز کواکی** نینك اوستی **تامغاق** و استی **تیل** دور. تیل عضله‌لاردین عبارت بولور. انینك اوچون حرکتی ایتّیك دور. تامغاق نینك کینی طرفیده سانکولاب تورغان بر پرده بار. انی **تامغاق پرده سی** و اوچی‌نی **کچیك تیل** دیرلار.

اغیز کواکیده **تیشلار** تورادور. چونك آدم نینك هر اینکاکیده تورت دین **اوتور تیش** ایکیدین **بورجك تیش** و اوندین **ازیق تیش** بار. اوتور تیشلار پانا صورتیده دور بورجك تیشلاری اوچلوق و ازیق تیشلاری مودورچاق دور.

تیشلار نینك توبن طرفی اینکاك نینك ایچیده دور و اوستون طرفی کورونوب تورادور. اینکاك نینك ایچیداکی یرنی کوتك و اوستیداکی‌نی باش دیرمیز. تیش باشی **مینا** بیلان قاپلاغلیق دور. مینا تیش‌نی اوپراب کتیشدین ساقلایدور. انینك ایچیده **تیش سونکاکی** بار دور. تیش سونکاکی نینك ایچیده **تیش کواکی** دیکان بر کواك بار. اول کواك ینکیچکا تمورلاری بار یومشاق و نهایت طویوشلوق بر نرسه‌دین تولغان دور.

**پند: طعام یکاندین کین تیشلارنی پاکیزه قیلماق لازم دور؛ بولماسه طعام نینك یوقی تیش نینك اراسیدا قالیب ساسیب مینانی چوروتکانی بیلان تیشقه اغریق پیدا قیلادور. اوچکه یا باشقه قاتیق نرسه‌نی تیش بیلان چاقماق یخشی ایماس چونکه مونینك بیلان مینا اونکای یاریلیب کتادور.**

**یوتقولوق** نینك برنچه توشوك‌لاری بار. بری الدی طرفیکا ایکی‌سی یوقاری و ایکی‌سی استی طرفیکا دور. الدی طرفیداکی

ئەۋلاد گۈزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

توشوکی اغیزغه باراادور. یوقاری طرفیداکی توشوکلار بوروون توشوک لاریکا باراادور. استی طرفیداکی توشوکلارنینک بری الدیدا تووروب کارنایغه باراادور، ینه بری انینک ارقاسیدا تووروب کالغه باراادور. طعام یب ایچکانده بوروونغه باراادورغان توشوکلار تامغاق پرده‌سی بیلان و کارنایغه باراادورغان توشوک **کارنای** قاپقوچی بیلان یاپیلادور.

**کال** تار بر نوردور. اول معده پرده‌سیده بار بر توشوکدین اوتوب قورساق کواکیکا باراادور.

**قرین** هضم نوری‌نینک کنکروکان بر یری دور. اول معده پرده‌سی نینک استیدا چپ طرفیکا توراادور.

**اوچای** یورکام یورکام‌اوزون بر نوردیک دور. اول **چربه** یاکه **چاوه** بیلان توتاشلیق اوچون چیکیلمای بر خیل توراادور. اوچای اوچ حصّه بولادور یعنی **اچیق اوچای تاتلیق اوچای** و **سونک**. تاتلیق اوچای‌نینک خالته‌غه اوخشاش بر یری بار. انی کور اوچای دیرمیز.

**هضم بزلاری** بولاردور: **اغیز توپروک بزلاری قرین خلط بزلاری قورساق توپروک بزی و جکر.**

**اغیز توپروک بزلاری** اغیز کواکیده و با انکا یقین یرده توراادور. اولار اوشاق خالته‌دین عبارت بولوب **توپروک** پیده قیلادور. توپروک ینکیچکا نورلار بیلان چونکراق نورلارغه جیقیب اغیزغه کلادور.

**قرین خلط بزلاری** قرین‌نینک تره‌سی‌نینک ایچیده تووروب اچیق سوزوک بر سو چیقاراادورلار. انی قرین خلطی دیرمیز.

**جکر** اوزی بر بزدور. اول معده پرده‌سی‌نینک استیدا اونک طرفیکا دور. جکردین **اوت** دیکان کوک و اچیق بر سو چیقیب

تورادور. اول اوت خالته‌سیغه ییغیلیب انینکدین بر ینکیچکا
نور بیلان اچیق اوچایکا اوتادور.

قورساق توپروك بزی قرین‌نینك ارقا استیدا تورادور. اول
توزلوق و سوزوك سو چیقارادور. انی قورساق توپروکی دیرمیز
قورساق توپروکی هم بر نور بیلان اچیق اوچایکا اوتادور.

هضم یعنی طعام سینکماکی دیکان شونداغ بولادورکه
طعام‌نینك بعضی‌سی قانغه قوشولغودیك بر حالغه کلادور. بو ایش
اغیز کوکاکیده قریندا و هم اوچایده بولادور.

طعام اغیزدا چاینالیب توپروك بیلان ارالاشیب بر یوتوم
بولادور. اول یوتوم تیل‌نینك اوستیکا ییغیلیب یوتولور. یوتولماقی
اغیزنینك تکیدا کی عضله‌لارنینك ییغیلیب یوتوم‌نی کالغه قیسیب
کیرکوزماکی بیلان بولادور. یوتقاندا کارنای‌نینك قاپقوچی یاپیلادور
و یوتوم انینك اوستیدین اوتوب کتادور. کشی یوتاردا کم قیلسه
ویا کولسه کارنای‌نینك قاپقوچی اچیلادور و طعام کارنایغه کیریب
کتادور. کال‌نینك عضله‌لاری‌نینك ییغیلماقی بیلان یوتوم قیسیلیب
قرین‌نینك یوقارقی اغزیدین اوتوب کیرادور. قرینغه کیرکاندین
کین طعام قرین عضله‌لاری‌نینك حرکتی برله یوغورولوب قرین
خلطی بیلان ارالاشیب سویوق بولادور. اندین قرین‌نینك توبنکی
اغزیدین چیقیب اچیق اوچایکا اوتوب اندا قورساق توپروکی و
اوت بیلان ارالاشادور.

اغیز توپروکی قرین خلطی اوت بیلان قورساق توپروکی‌نینك
تاثیری بیلان طعام‌دین سوت‌دیك بر جوهر حاصل بولادور. انی
کیلوس دیرلار. کیلوس‌نینك بعضی‌سی قرین بیلان اچیق اوچای
نینك اوشاق تمورلارغه کیریب قانغه ارالاشادور. بعضی‌سی قرین
و اچیق اوچای‌نینك ایچکی طرفیدین چیقادورغان کیلوس

ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

**تمورلاری** دیکان اوشاق تمورلارغه اوتادور. بولار بیلان کیلوس **سینه تموری** دیکان چونك بر تمورغه ییغیلیب اندین قانغه کیریب انکا ارالاشادور.

طعام‌نینك بدنکا یارامایدورغان نرسه‌لاری تاتلیق اوچایکا اندین سونکغه اوتوب بدندین چیقیب کتادور.

پند: طعام‌نینک قوّتلیک و پات سینکادورغانلار یدین یماك یخشی‌دور. طعام‌نی پات سینکادورغان ومزه‌لیک قیلماق اوچون انی اوبدان پشوروب توز و باشقه دارولارنی تنکشاب سالماق لازم‌دور. طعام‌نی یخشی چایناماق هم لازم دور؛ بولماسه بزلاردین چیققان خلطلار بیلان ارالاشمایدور هم اوبدان سینکمایدور. عرق بوزه و انداغ نرسه‌لار ایچماك بیلان هضم‌غه چونک ضرر بولادور. اوشاق بلالار هرکیز تماکو چکماسون.

## قان‌نی یوردورادورغان اسباب‌لار.

قان‌نی یوردورادورغان اسباب‌لار **یوراك و تمورلار**‌دور. اولار نینك ایچیده قان یوروب تورادور.

قان ایکی جزءدین یعنی **قان‌سوبی** و **قان ذرّه‌لاری**دین عبارت‌دور. قان سوبی‌نینك رنکی یوق‌دور؛ سودیك سوزوك‌دور. قان ذرّه‌لاری‌نینك بعضی‌سی قزیل بعضی‌سی آق‌دور. همه‌سی نهایت اوشاق‌دور. قزیل‌لاری یمولاق یاپلاق آق‌لاری باشقه باشقه صورت‌ده بولادور. آق‌لاری آزراق‌دور شونداغ‌که تورت یوزی قزیل بولسه بری آق بولادور.

**یوراك** سینه کواکی‌نینك الدی طرفیده دور. اول اوزی ییغیلغولوق

بر عضله دور. ایچی بر پرده بیلان ایکی بولمه‌گا یعنی اونگ بولمه‌سیگا وچپ بولمه‌سیگا بولونادور. یوراک بولمه‌سی‌نینگ هر بری بر پرده بیلان ایکی کُلبه‌گا یعنی **تاشقارقی کُلبه**‌گا و **ایچکارکی کُلبه**‌گا بولونادور. تاشقارقی کُلبه‌لاردین ایچکرکی کُلبه‌لاریگا اچیلادورغان بردین توشوک بار.

**تمورلار** اوچ قسم‌دور یعنی **شریان تمورلار قیل تمورلار** و **ورید تمورلار**.

**شریان تمورلاری**نینگ پوستی قالین و کنکروب ییغیلغولوق دور. اولار یوراک‌نینگ ایچکارکی کُلبه‌لاریدین چیقادورلار. یوراک‌نینگ اونگ طرفیداکی ایچ کُلبه‌سیدین چیقّان شریان ایکی شاخ بولوب اوپکالارگا باریب اندا یاییلادور. انی **اوپکاشریانی** دیرمیز. یوراک نینگ چپ طرفیداکی ایچ کُلبه‌سیدین چیقان شریان بر مونچه شاخ بولوب بدن‌نینگ همه یرلاریگا باریب یاییلادور. انی **بدن نینگ چونگ شریانی** دیرمیز.

**قیل تمورلاری** شریانلارنینگ کچیک شاخلاری دور. اولار کوزگا کورونماکودیک ینکیچکادور و پوستلاری نهایت نفیس دور. قیل تمورلار تیرناق بیلان ساچدین باشقه بدن‌نینگ همه یرلاریده توروب ورید تمورلاری‌نینگ ینکیچکا شاخلاریغه قوشولادور.

**ورید تمورلاری**نینگ پوستی نفیس و بوشراق دور. اولار یوراک‌نینگ تاشقارقی کُلبه‌لاریگا بارادور. اونگ طرفیداکی کُلبه‌گا ایکی ورید کیرادور. اولارنی یوقارقی و توبنکی **کواک تمورلاری** دیرمیز اولارنینگ شاخلاری بدن قیل تمورلاریغه قوشولادور. یوراک نینگ چپ طرفیداکی تاشقارقی کُلبه‌سیگا تورت ورید کیرادور. اولارنی **اوپکا وریدلاری** دیرمیز. اولارنینگ اوشاق شاخلاری اوپکا قیل تمورلاری دور.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

**قان‌نینک یورروشی.** تیریکلیک اوچون قان‌نینک همیشه یورروب تورماقی لازم دور. بو ایش یوراک کُلبه‌لاری‌نینک یمغیلماقی و کنکروماکی بیلان بولادور. قان‌نینک همیشه بر طرفکا یورماکی اوچون بر نیچه یرده بر قسم یاپغوچلار بار دور. یوراک‌نینک تاشقارقی بیلان ایچکارکی کُلبه‌لاری‌نینک اراسیداکی یاپغوچلار ایچ طرفیکا اچیلادور. ایچ کُلبه‌لار بیلان شریانلارنینک اراسیداکی یاپغوچلار شریانلارغه اچیلادور. ورید تموری‌لاری‌نینک بعضی‌سیده یوراک‌نینک تاشقارقی کُلبه‌لاریکا اچیلادورغان یاپغوچلار باردور.

قان‌نینک یورروشی بو دور: یوراک‌نینک اونک طرفیداکی تاشقارقی کُلبه‌دین اونک طرفیداکی ایچکارکی کُلبه‌کا اندین اوپکا شریان لاریغه اندین اوپکا قیل تمورلاریغه اندین اپکا وریدلاریکا اندین یوراک‌نینک چپ طرفیداکی تاشقارقی کُلبه‌کا اندین چپ طرفیداکی ایچکارکی کُلبه‌کا اندین بدن‌نینک چونک شریانلاریغه اندین بدن‌نینک قیل تمورلاریغه اندین بدن‌نینک وریدلاریکا اندین ینه یوراک‌نینک اونک طرفیداکی تاشقارقی کُلبه‌کا | بارادور. قان نینک یورروشی شونداغ ییلدام دورکه بر دقیقه‌دین ازراق مدت‌ده بر چورکولوب بولادور. یوراک‌نینک ایچکارکی کُلبه‌لاری هر ییغیلغانی درله قان شریانلارغه شونداغ ایتّیک مانکدوریلادورکه انینک حرکتی تپکاندیک معلوم بولادور. اوسوشی توختاغان ساق آدم‌نینک تموری بر دقیقه‌ده یتمیشدین سکسانغیچه سالادور. قیل تمورلاردا بیلان وریدلارده قان سیلیق مانکادور. بر شریان کسیلسه قان ساچراب چیقادور لیکن بر قیل تمور ویا بر ورید کسیلسه قان اهسته سیلیق اقیب چیقادور.

**پند: بر تمور کسیلکان بولسه قان‌نی باشقه یول لار بیلان یوراکا مانکدورماق لازم دور. انینک**

اوچون کسیلکان یرده تمورنی سونکاك طرفیکا باسماق بیلان قان‌نی توسارمیز. کسیلکان تمور بر شریان بولسه کسیلکان یرنینک یوراك طرفی‌نی قیسماق لازم بولادور (نمه ایشقه؟)؛ اکر بر ورید کسیلکان بولسه زخم‌نینک اوزینی و بعضیدا هم زخم‌نینک و بدن قیل تمورلاری‌نینک اراسی‌نی قیسماق لازم‌دور (نمه ایشقه؟). زخم یاره هر قانچه کچیک بولسه پاکیزه توتماق نهایت ضروردور. بولماسه ضرر قیلا دورغان نرسه‌لار قانغه‌کیریب انی بوزادور. دانه خوراك هر کیز قاشلانماسون.

## تینیق اسباب‌لاری.

تینیق اسباب‌لاری کارنای و اوپکا دور.

کارنای یوتقولوقدین اوپکاکا بارادور. یوقارقی طرفی کنکراك دور. انی کارنای باشی دیرلار. کارنای باشی‌نینک ایچیده تورت نفیس عضله تورادور. اولار کارنای‌نینک ایکی یانیغه تارتیغلیق دور. اولارنی آوازوترلاری دیرمیز. وترلارنینک اراسیدا آوازیاروقی دیکان تار بر یاروق بار. اوپکادین دم چیقاریلماقی برله وترلار تبرانیب آواز چیقارادور. کارنای توبنده نفس تمورلاری دیکان ایکی تورغه بولونادور. نفس تمورلاری اوپکالارکا باریب اندا یاییلادور.

اوپکا ایکی بولوب یوراك‌نینک ایکی طرفیده تورادور. اولار نفس تمورلاری‌نینک اوشاق شاخلاریدین و اولارنینک اوچلاریداکی نفس سلّ‌لاریدین عبارت دور. نفس سلّ‌لاری‌نینک پوست‌لاریدا اوپکا قیل تمورلاری یاییغلیق دور. اول قیل تمورلار اوپکا شریان

ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
www.uyghurkitap.com
www.ewlat.org
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى

لاری نینک اوشاق شاخلاری بولوب اوپکا وریدلاریکا بارادور.
کارنای بیلان نفس تمورلاری حلقه حلقه کومالچکدین عبارت دور. انینک اوچون یومولمای همیشه اوچوق تورادور. اولار نینک ایچی توکلوک دور. اول نهایت اوشاق توکلار یرداکی بغدای باشلاری شمالدین یلپونوب تورغاندیک همیشه حرکتده دور. حرکتی اوپکا سَلْلاری طرفیدین کارنای باشی طرفیکا بولادور. مونینک بیلان تینغاندا هوا بیلان کیرکان چانک و اپکاده پیدا بولغان بلغم چیقاریلادور. اکر چانک تولا بولوب اغیر بولسه توک لارنینک کوچی کیتیکا یاندورغالی یتمایدور و چانک اوپکاکا کیریب قونادور.

**تینیش.** آدمنینک تیریکلیکی اوچون قاییدا هم **مادة الحیات** هم **اکسجین** دیکان بر قسم هوانینک حاضر بولماقی لازم دور. یوراکدین قان بدن شریانلاری بیلان قیل تمورلاریغه چیقاریلغاندا مذکور ایکی نرسه‌دین ایچیدا تولا بار. امّا قیل تمورلاردا قان تبدیل تاپادور. اول ایش شونداغ بولورکه قاندین مادة الحیات و اکسجین بدن نینک سَلْلاریکا اوتادور و سَلْلاردین **کمور حامضی** (کمور ساسیقی) دیکان بر ضررلیک هوا و هم بدنکا یارامایدورغان باشقه نرسه‌لار قانغه اوتادور. بو تکیشیلماکی بیلان قان نینک اصلی تبدیل تاپادور و رنکی قراراق بولادور. قان نینک ینکرتیلانماکی اوچون ینکی مادة الحیات و ینکی اکسجین لازم بولادور. کمور حامضی بیلان باشقه یارامایدورغان نرسه‌نینک چیقاریلماقی هم ضرور دور. مادة الحیات قرین و اوچای لارنینک قیل تمورلاری بیلان سینه تموریدین قانغه الینادور. کمور حامضی و باشقه ضررلیک نرسه‌لار اوپکا قیل تمورلاریدا تینیش بیلان آیریلادور. قان یوراک نینک اونک طرفیداکی ایچ کُلبه‌سیدین اوپکاکا بارغاندا اوپکا

قيل تمورلاريدا و نفس سنگلاريده بر تكيشيلماكليك بولاردوركه
قاندين كمور حامضى نفس سنگلاريكا اوتادور و نفس سنگلاريدين
اكسجين قانغه اوتادور. بو تكيشيلماكى برله قان ينه اصليكا
اورولادور و رنكى قزيلراق بولادور.

اوپكاده قان نينك تكيشيلماكى اوچون نفس سنگلاريداكى هوا
نينك هميشه ينكيلانيب تورماقى ضرور دور. اول ايش دم الماغليق
و دم چيقارماغليق برله بولادور. دم الغاندا قابرغه‌لار كيريلادور
و معده پرده‌سى توبنكا تارتيلادور. انينك بيلان سينه كواكى
كنكرويدور نفس تمورلارى چونكراق اچيلادور و اكسجينى تولا بار
هوا نفس سنگلاريكا كيريب اولارنى كنكروتادور. دم چيقاريلغاندا
قابرغه‌لار ييغيلادورلار و معده پرده‌سى يوقاريغه تارتيلادور. انينك
بيلان سينه كواكى كچيكراك بولادور نفس سنگلارى قيسيلادور و
كمور حامضيغه ارالاشيب بوزولغان هوا چيقاريلادور.

پند: ممكن بولغانچه پاكيزه هوا بيلان تينماق
ضرور دور. انينك اوچون تلادا ايش قيلماق فائده
ليق دور امّا هواسى بوزولغان توپا چانك بولغان اوى
لارده اولتورماق ضررليك دور. ادم نينك اولتوروشى و
توروشى سينه نينك حركتيكا دخل بر كوديك
بولماسون. بورون بيلان دم الماق يخشى دور
چونكه بورونده هوا ايسيب چانكدين پاكيزه بولادور.

## آيريما اسباب لار.

آيريغوچ اسباب لار اوپكالار تربزلارى و بوراك لار دورلار.
اوپكالار كمور حامضى بيلان سو هورى آيريبدور.
تربزلارى ايچ تره ايچيده دور. اولارنينك تاش طرفيكا

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمكى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اچیلاورغان توشوکلارینی تر مسملاری دیرمیز. تر بزلاری نینک صورتی کیچیک تموردیک دور. ایچ طرفی یمپ توپپدیک یورکاشیکلیک و اوستیده قیل تمورلار چیرماغلیق دور. اول تمورلاردا تر بولادورغان نرسه‌لار مثلاً سو یاغ و تور آیریلیب تر بزلاریکا اوتادور.

پند: بدن‌نی پات پات یوماق لازم؛ بولماسه تر مسملاری یوشالغان تره سللاری یاغ و چانکدین ایتیلیب قالادورومونینک بیلان تر بزلاری عمللارینی اوبدان قیلالمایدورلار. ایکینلارنی خصوصاً بدنکا یقین ایکینلارنی پاکیزه توتماق لازم بولادور. ایسیقدین سوغاققه و سوغاقدین ایسیققه بر یولی اوتماک ضررلیک دورمونینک بیلان ترنینک چیقیشی توسالادور و بدن‌نینک ایچیده بلغم زیاده پیدا بولادور. انینک برله زکام اون پوتماکی یوتال و باشقه کسللار عارض بولادور.

بوراکلار ایکی بولوب قورساق کواکی‌نینک کینی طرفیده سیرت‌نینک ایکی یانیدا توراادور. چونکلوقی مشت‌دیک و صورتی لوبیادیک دور. اولار قیل تمورلار بیلان یورکاشیکلیک دس.بسر اوشاق تمورغه اوخشاش نورلاردین عبارت دور. اول نورلارنی بوراک تمورلاری دیرلار. مذکور قیل تمورلاردا قاندین آیریلاورغان نرسه‌لار آیریلیب دوبه‌ساققه ییغیلیب اندین بدندین چیقادور.

## عصبه ترتیبی.

عصبه ترتیبی مینکه یولون و عصبه‌لار یعنی آق تمورلاردین ترتیبات دور.

مینکه یومشاق بولوب ایکی نرسه‌دین عبارت دور. بری نینک رنکی بوز دور و عصبه سلّلاریدین عبارت دور. ینه بری نینک رنکی آق بولوب عصبه ییپ‌لاریدین عبارت دور. مینکه‌نینک یوقاریقی حصّه‌سی‌نی چونك مینکه دیرمیز. انینك یوزی کده کده یورکوما دور. یورکومالارنی مینکه کده‌لاری دیرمیز. مینکه‌نینک توبنکی حصّه‌سی‌نی کچیک مینکه دیرمیز. انینك کده‌لاری یوق دور.

یولون اوزون بر طنابدیك دور. مینکه‌دین کینی جولا توشوکی بیلان اوتوب یولون نوریغی تولدوروب تورادور. یولون هم رنکی بوز عصبه سلّلاریدین و رنکی آق عصبه ییپ‌لاریدین عبارت دور.

عصبه‌لار مینکه بیلان یولوندین ایکیدین ایکیدین چیقب بدن نینک همه یرلاریکا شاخ شاخ بولوب یاییلادور. مینکه‌دین بوراق عصبه‌لاری کوروك عصبه‌لاری انکلاق عصبه لاری تاتیق عصبه‌لاری اوروناوق معلوماتی عصبه‌لاری و ینه بر نچه عصبه چیقادور.

## طویماغلیق .

بارماق اوچی بر قوم دانه‌سیکا تکسه تره ایچیده یاییغلیق اوشاق عصبه‌لار مینکه‌کا خبر برادور؛ مونینك بیلان قوم دانه‌سی نینک بارلیقی طویولور.

بر نمه‌نی قسم قسم طریقه بیلان طویغالی بولادور. اوروندماغلیق تاتیماغلیق بوراماغلیق انکلاماغلیق یا کورماکلیك برله طویولور. بو بش قسم طویماغلیق‌نی حواس خمسهٔ ظاهره و اولارنینک اسباب‌لارینی حواس اسباب لاری دیرلار.

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اورونوق معلوماتی نینک اسبابی تره دور. ایچ تره‌ده اورونوق معلوماتی عصبه‌لاری یاییغلیق دور. بر نرسه‌گا قول تککوزساک تره برله عصبه‌لارنینک اوچلاریغه تاثیر یتادور و عصبه‌لار برله مینکه‌گا خبر بریلادور. انینک برله توتقان نرسه‌نینک ایسّیق سوغوق سیلیق یریکلیکی بیزگا معلوم بولادور. تره‌سی نفیس و عصبه‌لاری تولا بولغان یرلارده مثلاً تیل اوجی و بارماق اوچلاریدا اورونوق معلوماتی ایتّیکراک دور.

تاتیق نینک اسبابی تیل نینک تره‌سی دور. تاتیق عصبه لاری اول یردین مینکه‌گا بارادور. قند توز و انداغ نرسه‌لار اغیزغه کیرسه تاتیق عصبه‌لاریغه تاثیر قیلادور و اول عصبه‌لار برله مینکه‌گا خبر یتادور. اول وقت تاتیق نی بیلامیز.

بوراق نینک اسبابی بورون ایچیداکی تره‌دور. شونینکدین بوراق عصبه‌لاری مینکه‌گا بارادور. بوراغلیق نرسه‌لاردین کوروتما کودیک نهایت اوشاق دانه‌لار آیریلیب هواغه ساچیلیب کتادور. تینغاندا بولارنینک بعضی‌سی هوا بیلان بورونغه کیریب بوراق عصبه‌لاریغه تاثیر قیلادور. عصبه‌لار برله مینکه‌گا خبر یتادور. انینک بیلان بویی نی بیلامیز.

انکلاق نینک اسبابی قولاق دور. انینک تاشی قولاق و قولاق توشوکی دور. اوتراسی نی دومباق کواکی دیرمیز. اول دومباق پرده‌سی دیکان بر پرده بیلان قولاق توشوکیدین آیریلور و یمولاق پنجره بیلان سوقاچاق پنجره دیکان ایکی پرده بیلان قولاق ایچیدین آیریلور لیکن قولاق کارنایی دیکان بر نور بیلان یوتقولوقغه قوشولادور. دومباق کواکیده انکلاق سونکاک‌لاری دیکان اوچ کچیک سونکاک باردور. اولارنینک بری بولقه بری سندل و ینه بری ایزانکوغه اوخشاغانی اوچون اولارنی

بولقه سندل و ایزانکو دیرمیز. بولقه دومباق پرده‌سیگا توتاشلیق دور و ایزانکو سوقاچاق پنجره‌گا توتاشلیق دور. قولاق نینک ایچیده صورتی باشقه باشقه کوالار و سو ماده‌سی بیلان تولغان خالته‌چکلار باردور. مذکور ماده‌ده انکلاق عصبه‌لاری یاییغلیق دور. بر نرسه‌دین آواز چیقسه اول نرسه اوزی تبرانیب تورادور. اول تبرنماکلیک هوا بیلان باریب دومباق پرده‌سی‌نی میدیرلاتادور دومباق پرده‌سی بولقه‌نی میدیرلاتادور بولقه سندل‌نی میدیرلاتادور سندل ایزانکونی میدیرلاتادور ایزانکو سوقاچاق پنجره‌نی میدیرلاتادور و سوقاچاق پنجره قولاق ایچیداکی سو ماده‌نی میدیرلاتادور. اول وقت انکلاق عصبه‌لاری برله مینکه‌گا خبر یتادور و بیز آوازنی انکلایمیز.

کوروک‌نینک اسبابی کوزدور. اول کوز چناقیدا سولاغلیق یمولاق بر توپدور. انکا توتاشلیق عضله‌لارنینک یاردیمی بیلان حرکت قیلغولوق دور. کوز یاش بیلان هول و پاکیزه ساقلانادور. یاشی کوزنینک الدی توپه طرفیده بار یاش بزیدین چیقیب کوز یمولوب اچیلماقی برله توبن طرفیگا کلیب اندا بار بر توشوک بیلان بورونغه کیرادور.

کوزنینک ایچی ایکی کُلبه‌گا بولونگان دور. کچیکی‌نی الدی کُلبه و چونکراقی‌نی کینی کُلبه دیرمیز. الدی کُلبه‌نینک الدی طرفی کنبذدیک بولوب شیشه‌دیک صاف و سوزوک دور. انی کوز قرنیّه‌سی دیرمیز. الدی کُلبه‌نینک کینی طرفیده یمولاق و رنکلیک بر پرده بار. انینک رنکی کوک بوز سارغیش ویا قرا بولادور. اول پرده‌نی کوز قزحیّه‌سی دیرمیز. انینک اوتراسیدا بر توشوک بار. انی کوز قراقی دیرلار. کوز قزحیّه‌سی‌نینک بر مونچه نهایت کچیک عضله‌لاری بار. اولارنینک بعضی‌سی توز بولوب کوز قزحیّه

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سی نینک اورتاسیدین چیقیب چتلاریکا اوزولغان دور وبعضی سی **حلقه** دور. یاروغ آز بولسه توز عضله‌لار ییغیلادور. مونینک بیلان کوز قراقی کنکرویدور و تولاراق یاروغ کوزکا کیرادور. یاروغ تولا بولسه حلقه‌لیق عضله‌لار ییغیلادور. مونینک بیلان کوز قراقی تار بولادور و یاروغ زیاده کیرمایدور. کوز کینی کُلبه‌سی نینک پوستی اوچ قات دور. تاش قاتی آق و قاتیق دور. انی **کوز اقی** دیرلار. اورتا قاتی نینک رنکی قرا دور. اندا قان تمورلاری یایغلیق دور انینک اوچون اول قات نی **تمور پرده سی** دیرمیز. ایچ قاتیدا کوروک عصبه‌لاری توردیک یاییغلیق دور انینک اوچون اول قات نی **تور پرده سی** دیرمیز. کوز قرنیّه سی کوز اقیغه توتاشلیق و کوز قزحیّه سی تمور پرده سیکا توتاشلیق دور. کوز قزحیّه سی نینک ارقاسیدا شیشه دیک سوزوک و ایچیده سودیک بر نمه سی باریمولاغراق برنرسه تورادور. انی **کوزجامی** دیرمیز. بعضی آدم نینک کوز جامیدا بر کسّل پیدا بولادور. اول کسل بیلان کوز جامی غبار بولادور. اندااغ بولغاندا کوز نینک پرده سی بار دیرلار. کوز نینک الدی کُلبه سی سوزوک سوو یک برنرسه بیلان وکینی کُلبه سی لانکپونغه اوخشاش وسوزوک بر نمه بیلان تولغان دور. **کورماکلیک** اوچون یاروغ کوزکا کیریب کوروک عصبه سیغه تأثیر قیلماقی لازم دور. مذکور عصبه بیلان تأثری مینکه‌کا یتادور.

اوروذوق معلوماتی عصبه‌لاری تاتیق عصبه‌لاری بوراق عصبه لاری انکلاق عصبه‌لاری و کوروک عصبه‌لاری نینک همه‌سی نی قوشرب **طویوق عصبه‌لاری** دیرمیز. اولارنینک همه‌سی بیلان تأثر تاشقاریدین **ایچکاریکا** مینکه‌کا بارادور.

## حرکت.

بر قولنی حرکتکا کلتورساک اول ایش بر عضله‌نینک ییغیلماقی برله قیلینادور. عضله‌نینک ییغیلماقی بر عصبه انکا یتکوزکان

تاثری بیلان بولادور. بیز قولنی میدیرلاتکالی خواهلاغان همان مینکه‌دین خبر بریلادور. اول خبر عصبه برله عضله‌کا یتادور و عضله ییغیلیب قولنی میدیرلاتادور. انداغ مینکه‌دین تاشقاریغه تأثر یتکورادورغان عصبه‌لارنی حرکت عصبه‌لاری دیرمیز.

پند: اورونوق معلوماتی عصبه‌لارینی چیداشلیق قیلماق اوچون بدن‌نی پات پات ایسّیغلیقی یاز کونی‌نینک سویدیک سودا یوماق و آشوق ایکین کیمای هواسی پاکیزه بولغان یرلارده تورماق یخشی دور. — بلالار ناس تماکو چکماسون چونکه انینک برله تاتیق و بوراق قوّت‌لاری بوزولادور و بدنکا باشقه ضرر هم یتکوزولور. — قولاق توشوکیده کیر ییغیلیب قالماسون چونکه انکا چانک قونغانی بیلان انکلاق قوّتی سُستلاشادور. بر نرسه قولاققه کیریب قالغان بولسه انی اوچلوق اسباب بیلان کورلاماق یخشی ایماس چونکه مونینک بیلان دومباق پرده سیکا آسان دخل یتادور. — کوزنی چانك و توتوندین ساقلاماق لازم دور. یاروق آز بولغان وقت‌دا ینکیچکا ایش مثلاً خط اوقوش و پتوش ویا تیکیش قیلماق کوزکا ضررلیک دور. شونداغ ایش قیلغاندا ایش‌نی کوزکا یقین توتوب قیلماغلیق هم یخشی ایماس چونکه کشی‌نینک انداغ قیلغانی انکا پات عادت

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بولوب قالادور و اندین کین یراغراقدا کی نی اوچوق کورالمایدور.
عصبه ترتیبی تولا ایشلار برله اسان سُستلاشادور. مثلاً اویقوسزلیق و انسزلیك ضررقیلادور. لیکن مخصوصاً عرق و انداغ نرسه ایچماکلیك و افیون نشه چکماکلیك و زنا بوزوقچیلیق نهایت ضررلیك دور. انینك اوچون شونداغ ایشلاردین احتیاط قیلماق تولا ضرور دور.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

Naturlära

av G. Ahlbert.

Svenska Missionsförbundet

Ost-Turkestan

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى